
سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى





قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى

ئاپتورى: كوللودى [ئىتالىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: زەينەپ ئابلاجان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى

**ئاپتورى:** كوللودى [ئىتالىيە]

**تەرجىمە قىلغۇچى:** زەينەپ ئابلاجان

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق

**مەسئۇل كوررېكتورى:** چولپان تۇرسۇن

**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32

**باسما تاۋىقى:** 2.5

**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8

**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

图书在版编目(CIP)数据

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/再娜甫·阿布拉江译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

书　　名: 木偶奇遇记
作　　者: 戈洛笛 [意大利]
翻　　译: 再娜甫·阿布拉江
责任编辑: 艾尼瓦·库迪力克
责任校对: 乔尔帕·吐尔逊
出　　版: 新疆喀什出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址: 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编: 830000
发　　行: 新疆新华书店
印　　刷: 新疆八艺印刷厂
开　　本: 787mm×1092mm 1/32
印　　张: 2.5
版　　次: 2009 年 1 月第 1 版
印　　次: 2009 年 2 月第 1 次印刷
定　　价: 60.00 元 (全十册)





# كىرىش سۆز

«ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى» قىزىقارلىق تەربىيىۋى ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئەسكى بالىنىڭ قانداق قىلىپ ياخشى بالىغا ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە بايان قىلىنغان.

بۇ ھېكايىدە ئاپتور دۇنيادىكى ھەممە ئەسكى بالىلاردا بولىدىغان كەپسىزلىك، تىنىمسىزلىق، كىتاب ئوقۇماسلىق، يالغانچىلىق قىلىش، بۇزۇقلارغا ئەگىشىپ قېلىش، بىلىمسىزلىك، نەسىھەتنى ئاڭلىماسلىق، ھورۇنلۇق قاتارلىق يامان ئادەتلەرنى پىنوككىئودا ئىپادىلىگەن. پىنوككىئودا شۇنداق يامان ئادەتلەر بولغاچقا، جاپانى يەتكۈچە تارتىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتلەرگە ئۇچرايدۇ، ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە نەچچە قېتىم ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. لېكىن ئاخىرى پىنوككىئو نېمە ئۈچۈن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ؟ چۈنكى پىنوككىئو نېمىلا دېگەن بىلەن كىچىك بالا، ساددا؛ ئۇنىڭدا باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالىدىغان





نىيەت يوق؛ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل؛ نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلغان، ھەتتا ئىككى، ئۈچ قېتىملاپ داۋاملاشتۇرغان بولسى-مۇ، لېكىن قىلمىشىغا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا پىنوككىئونىڭ قىلمىشلىرىنى، يەنى «ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈ-زەشتلىرى»دىكى بۇ ھېكايىنى دۇنيادىكى ئەسكى باللارنىڭ ياخشىغا ئۆزگىرىشىنىڭ ئوبدان ئۈلگىسى قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر.

بۇ چۆچەكنىڭ ئاپتورى ئىتالىيىلىك كوللودى (Collodi. C) بولۇپ ئۇنىڭ راست ئىسمى لورېنزىن (Cario Lorenzini, 1826 ~ 1890). ئەسلىي ئەسەر بۇنىڭدىن 114 يىل ئىلگىرى، يەنى 1883 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، تۈزۈپ تەرجىمە قىلىنغان بۇ كىتاب ئەسلىي ئەسەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

فەن چۈەن

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي





# مۇندەرىجە


گەپ قىلالايدىغان ياغاچ ........................................ 1

ياغاچ قونچاق پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن ........................ 4

بىر جۈپ يېڭى پۇت ........................................ 10

مەكتەپكە بېرىش يولىدا ...................................... 15

بەش تىللا ................................................ 19

بۇلاڭچىغا ئۇچراش ........................................ 23

تىللالارنى ئاخىرى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ ........................ 30

كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئىت بولۇش ............ 38

قارا چاپلىق پەرىزات بىلەن يەنە ئۇچرىشىش ............ 41

تۇنجى قېتىم مەكتەپكە بېرىش ............................ 47

تاماشا دۆلىتىگە بېرىش ...................................... 55

ئېەك بولغاندىن كېيىن ...................................... 59

ئىت ئاكۇلاسىنىڭ قارنىدا .................................. 62

خاتىمە .................................................... 66








# گەپ قىلالايدىغان ياغاچ

بۇرۇن ئانتونى ئىسىملىك قېرى ياغاچچىنىڭ ئۆيىدە بىر پارچە ياغاچ بولغانىكەن. قېرى ياغاچچى بۇ ياغاچنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ: «بۇ ياغاچنى ئۈستەلگە پۇت قىلسام تازا ئوبدان بولغۇدەك» دەپتۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ، ئىتتىك پالتىسى بىلەن چاپماقچى بولغاندا، ئىنتايىن ئاجىز سادا ئاڭلىنىپتۇ:

— مېنى چاپماڭ، مېنى چاپماڭ!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ياغاچچى ئانتونى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. بۇ نەدىن كەلگەن ئاۋازدۇ؟

— ھە، توغرا، — دەپتۇ ئۇ چېچىنى چاڭگاللاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ مېنىڭ خىيالىم بولسا كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ پالتىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇ ياغاچقا قاتتىق بىرنى چاپقانىكەن، «ۋايجان! ۋايجان! بەك ئاغرىتىۋەتتىڭىز» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.



بۇ چاغدا قېرى ياغاچچى ئانتونى هاڭ ـ تاڭ قالغىنىدىن ئاغزى چوڭ ئېچىلىپ، تىلى ساڭگىلاپ قاپتۇ. لېكىن بۇ ئاۋازنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ پالتىسىنى تاشلاپ قويۇپ، رەندىنى ئېلىپ كېلىپ ياغاچقا رەندە سالماقچى بوپتۇ. رەندىنى بىر سىلىشىغا هېلىقى ئىنچىكە ئاۋاز يىغلىغاندەك ئىلتىجا قىپتۇ:

ــ توختاپ قېلىڭ، تېرەمنى سويۇۋېتىپ بارىسىز!

بۇ قېتىم بىچارە قېرى ياغاچچى توك سوققۇۋەتكەندەك بولۇپ، يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. قورققىنىدىن قىزىل بۇرنى كۆكىرىپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا قېرى ياغاچچىنىڭ دوستى پاكار بوۋاي





گېبتو كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئانتونىنىڭ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— يەردە ئولتۇرۇپ نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— چۈمۈلىلەرگە ئېلىپبە ئۆگىتىۋاتىمەن.

— يارايسەن، ئوبدان ئىش قىلىۋېتىپسەن.

— سەن نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— مەن بىر غەلىتە قونچاق ياسىماقچى: ئۇ قونچاق قىلىچۋازلىق قىلالايدۇ، تانسا ئوينىيالايدۇ. مۇشۇ قونچاقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئالەم كېزىپ، نان تېپىپ يەيمىكىن دەيمەن.

— ئەمىسە شۇنداق قىل، گېبتو ئاكا، — دەپتۇ قېرى ياغاچچى ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنى نېمە قىلىپ بەر دەيسەن؟

— ماڭا بىر پارچە ياغاچ بەرسەڭ.

قېرى ياغاچچى ئانتونى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھېلىقى گەپ قىلىپ ئۆزىنى قورقىتىۋەتكەن ياغاچنى گېبتوغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ.







# ياغاچ قونچاق پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن

گېپتو ئۇ ياغاچنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان كىچىك ئۆيگە ئاپارغاندىن كېيىن، پىچاق بىلەن ياغاچقا قونچاقنىڭ بېشىنى، چېچىنى ۋە كۆزىنى ئويۇپتۇ، كۆزى پۈتۈشى بىلەن ئىككى كۆزىنىڭ ئالمىسى پىرقىراشقا باشلاپتۇ.

ئاندىن قونچاقنىڭ بۇرنىنى ئويۇپتۇ. بۇرۇن پۈتۈشىگە ئۆزىراپ چىقىپتۇ.

ئاندىن قونچاقنىڭ ئاغزىنى ئويۇپتۇ. قونچاقنىڭ ئاغزى پۈتمەي تۇرۇپ، ھىجىيىپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئېڭەك، بويۇن، مۈرە، بەدەن ۋە قوللىرىنى ئويۇپتۇ.

گېپتو قونچاققا پىنوككىئو دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇ: «بەختلىك بىر ئائىلىنى بىلەتتىم. ئۇ ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانا، باللارنىڭ ئىسمى پىنوككىئو ئىدى» دەپتۇ.

لېكىن ياغاچ قونچاقنىڭ قولى پۈتكەن ھامان گېپتونىڭ بېشىدىكى يالغان چاچنى ئېلىۋاپتۇ.





ــ پىنوككىئو! يالغان چېچىمنى قايتۇرۇپ بەر!

لېكىن پىنوككىئو ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، يالغان چاچنى بېشىغا كىيىۋاپتۇ. گېپتو بۇنداق ئەدەپسىزلىكنى كۆرۈپ ناھايىتى رەنجىپتۇ. كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، قونچاقنىڭ پاچىقىنى ۋە پۇتىنى ئويۇپتۇ.

قونچاقنىڭ پۇتى پۇتۇش بىلەن گېپتونىڭ بۇرنىغا بىرنى تېپىپتۇ. «ھەي، ــ دەپتۇ گېپتو ئۆزىگە، ــ ئۇنىڭ تېپىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدىم. لېكىن ئېھتىيات قىلىشقا كېچىكىپ قاپتىمەن».

ئاندىن كېيىن گېپتو ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ پولغا قويۇپ مېڭىشنى ئۆگىتىپتۇ.

باشتا پىنوككىئو پۇتىنى تۈزۈك مىدىرلىتالماپتۇ. كېيىن پۇتىنى ئېگەلەيدىغان بولغاندا ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئاخىر ئىشىكتىن چىقىپ كوچىغا قېچىپ كېتىپتۇ.

گېپتو ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىغاچ «تۇتۇۋېلىڭلار! ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار!» دەپ توۋلاپتۇ.

لېكىن كوچىدىكى ئادەملەر بۇ ياغاچ قونچاقنىڭ توشقاندەك سەكرەپ - سەكرەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلكە بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىشنى ئۇنتۇپتۇ.

ئۇلار ئاشۇنداق قوغلىشىپ يۈرگەندە يولدا كېتىۋاتقان





ئەسكەر ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، بىرەر ئەسكى ئىگىسىنىڭكىدىن قاچقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ پىنوككىئونىڭ بۇرنىدىن چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

گېپتو پىنوككىئونى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— خەپ! ئۆيگە بارغاندا سەن بىلەن ھېسابلىشىمەن، — دەپ قورقىتىپتۇ.

پىنوككىئو بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەردە سوزۇلۇپ يېتىۋاپتۇ.

بۇ چاغدا، كېتىۋاتقانلار كېلىپ يىغىلىپ تاماشا كۆرۈپتۇ. ئۇلار گېپتونىڭ ئۆيگە بارغاندا ھېسابلىشىمەن، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، قونچاققا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئۇلار:

— بىچارە قونچاق! ئۇنىڭ ئۆيگە كېتىشنى خالىماسلىقى تۇرغان گەپ. بۇ ۋەھشىي قېرىنىڭ ئۆزىنى قانداق ئۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ - دە، — دېيىشىپتۇ. بەزىلەر:

— ئۇ ياغاچ قونچاقنى ئۆيگە ئېلىپ بارسا، چوقۇم ئۇرۇپ پاچاقلىۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار تولا سۆزلەپ گېپتونى ناھايىتى قەبىھ قىلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئەسكەر ئۇلارنىڭ گېپىگە چىنپۈتۈپ، پىنوككىئونى قويۇۋېتىپ، گېپتونى تۇتۇپ تۈرمىگە قاماپ قويۇپتۇ.

پىنوككىئو ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ھامان ئۇچقاندەك قېچىپتۇ. ئېتىزلاردىن، قاشالاردىن ۋە ئۆستەڭلەردىن ئۆتۈپ، گېپتونىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىشىكنى تاقىۋاپتۇ.









بۇ چاغدا قۇلىقىغا بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— ماڭا گەپ قىلىۋاتقان كىم؟ — پىنوككىئو قورقۇپ كېتىپتۇ.

— مەن.

پىنوككىئو كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا، بىر يوغان قارا چېكەتكە تامدا ئۆمىلەپ يۈرگۈدەك.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پىنوككىئو.

— مەن گېپى تولا قارا چېكەتكىمەن، بۇ يەردە ياشاۋاتقىنىمغا يۈز يىلدىن ئاشتى.

— لېكىن هازىر سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە، — دەپتۇ ياغاچ قونچاق، — كۆزۈمدىن يوقال!

— كەتمەيمەن، — دەپتۇ گېپى تولا قارا چېكەتكە، — ساڭا ئېيتىپ قوياي: ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆز مەيلىچە قېچىپ كەتكەن بالا بۇ دۇنيادا مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدۇ، بەلكى هامان بىر كۈنى پۇشايمان يەيدۇ.

— سۆزلىسەڭ سۆزلەۋەر قارا چېكەتكە، مەن ئەتە ئەتىگەن بۇ يەردىن كەتمەكچى. بولمىسا مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپ، ئوقۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

— مەكتەپكە بارمىساڭ، توغرا كەسىپىڭ بولۇشى كېرەك.

— مېنىڭ كەسپىمنى دەمسەن، مېنىڭ كەسپىم





يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاش، ئويناشتىن ئىبارەت. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ خۇشال ياشايمەن، ــ دەپتۇ پىنوكـكىئو كۆرەڭلەپ.

ــ بۇنداق ياشىغان ئادەم دوختۇرخانىغا كىرمىسە، چوقۇم تۈرمىگە كىرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پىنوككىئو قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئورۇندۇقتىكى كالتەكنى ئېلىپ قارا چېكەتكىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ، بىچارە قارا چېكەتكە تامدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.









# بىر جۈپ يېڭى پۇت

قىشنىڭ جۇدۇنلۇق كېچىسى.

شىۋىرغان يېقىمسىز ھۇشقىرتاتتى. پىنوككىئو ئۆيدە يالغۇز قېلىپ ئىنتايىن قورقۇپتۇ. قورسىقى ئېچىپ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، كوچىغا مېڭىپتۇ.

كوچىدىكى دۇكانلار تاقالغان، كوچىدا ھەتتا بىرەر ئىتمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇمىدسىزلىك ۋە ئاچارچىلىقتا قىينالغان پىنوككىئو بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى كۈچىنىڭ بارىچە بېسىپتۇ. بىنادىكى بىر دېرىزىدىن پوسما كىيگەن بىر كىشى بېشىنى چىقىرىپ، پەسكە قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— بۇنداق سوغۇق كېچىدە نېمە قىلماقچىسەن؟

— كەچۈرۈڭ، ماڭا ئازراق بولكا بېرەرسىزمۇ؟ — دەپتۇ پىنوككىئو بىچارە ھالەتتە.

— ساقلاپ تۇر، ساڭا ھازىرلا تاشلاپ بېرىمەن!

پىنوككىئو بېشىدىن بۆكىنى ئېلىپ دېرىزە تۈۋىدە





تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. يېرىم مىنۇتتىن كېيىن دېرىزە ئېچىلىپتۇ. لېكىن دېرىزىدىن بولكا ئەمەس بىر تەلەڭگە سوغۇق سۇ تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ، پىنوككىئو توڭلىغىنىدىن بىر ئېغىز گەپمۇ قىلالماي قاپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە توڭلاپ كەتكەن پىنوككىئو ئۆيگە يېنىپ كېلىپ، چوغدانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، پۇتىنى چوغدانغا قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

كېچىدە ئۇنىڭ بىر جۇپ ياغاچ پۇتىغا ئوت تۇتىشىپ، كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى پىنوككىئو تۇيماپتۇ. ئەتىسى بىرسى ئىشىكنى چەككەندە ئاندىن ئويغىنىپتۇ.

— كىم؟ — دەپتۇ ئۇ قاتتىق ئەسنەپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— مەن، — دەپتۇ گېپتو.

دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پىنوككىئو ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچماقچى بوپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ پۇتى كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

گېپتو دېرىزىدىن كىرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇ باشتا پىنوككىئو ئىشىكنى قەستەن ئاچمايۋاتىدۇ، دەپ ئىنتايىن خاپا بولغانىكەن، پىنوككىئونىڭ پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ پىنوككىئونى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپتۇ، تەسەللى بېرىپتۇ.







پىنوككىئونىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، يان-چۇقىدىن ئۈچ دانە نەشپۈتنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا:

— بۇ نەشپۈتلەرنى ناشتىلىق قىلماقچىدىم. لېكىن هازىر ساڭا بېرەي، — دەپتۇ.

پىنوككىئو تۇزۇت قىلماي ئۈچ نەشپۈتنى يەپ بوپتۇ. قورسىقىنىڭ ئاچلىقى بېسىلىپتۇ. لېكىن بىر جۈپ پۇت قىلىپ بېرىسەن، دەپ يىغلاپ غەلۋە قىپتۇ.

گېپتو مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پىنوككىئونىڭ كەپسىزلىكىنى تۈزىتىش نىيىتىدە ئۇنىڭغا:

— نېمە ئۈچۈن ساڭا يېڭى پۇت قىلىپ بېرىدىكەنمەن؟ يەنە ئۆيدىن قېچىپ كېتىشىڭ ئۈچۈنمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن ساڭا ۋەدە بېرەي، — دەپتۇ ياغاچ قونچاق يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن خاتالىقىمنى تۈزىتىپ، ئوبدان بالا بولىمەن. مەكتەپكە بېرىپ ياخشى ئوقۇيمەن.

— باللار بىرەر نەرسىگە ئىگە بولماقچى بولغاندا مۇ-شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ، — دەپتۇ گېپتو گۇمانلىنىپ.

— لېكىن مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، دادا، ۋەدە بېرەي، ئوقۇيمەن، ئىش قىلىمەن. سەن قېرىغاندا هالىڭدىن خەۋەر ئالىمەن.



گېپتو بۇ گەپلەردىن تەسىرلىنىپ، بىر سائەتكە يەتمە-گەن ۋاقىتتا ياغلچ قونچاققا بىر جۈپ يېڭى پۇت ياساپ







بېرىپتۇ.

ياغاچ قونچاقنىڭ مەكتەپكە بارغاندا كىيىشى ئۈچۈن گېپتو ئۇنىڭغا قەغەزدىن بىر يۇرۇش كىيىم، دەرەخ قوۋزىقىدىن بىر جۇپ ئاياغ، بولكا ئۇۋاقلىرىدىن شىلەپە ياساپ بېرىپتۇ.

ئاخىرىدا پىنوككىئو دادىسىدىن ئېلىپبە كىتابى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

لېكىن گېپتونىڭ كىتاب ئالىدىغان پۇلى يوق ئىكەن. ئۇ پىنوككىئوغا كۆيۈنگەنلىكتىن، ئۈچىسىدىكى كونا پەلتوسىنى سېتىپ، شۇنىڭ پۇلىغا ئېلىپبە كىتابى ئېلىپ بېرىپتۇ.







# مەكتەپكە بېرىش يولىدا

پىنوككىئو چىرايلىق كىتابنى قولتۇقلاپ مەكتەپكە مېڭىپتۇ. يولدا ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەكتەپكە بېرىپ بۇگۈن كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىنىمەن، ئەتە خەت يېزىشنى ئۆگىنىمەن، ئۆگۈنلۈككە ھېساب ئىشلەشنى ئۆگىنىمەن. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپ، دادامغا چىرايلىق پەلتو، ياق، ئالتۇن پەلتو ئېلىپ بېرىمەن. پەلتونىڭ ئەستىرى كۈمۈش، تۈگمىسى ئالماس بولىدۇ...» دەپتۇ.

بۇ چاغدا دېڭىز ياقىسىدىكى مەھەللىدىن نەي ۋە دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پىنوككىئو بۇنىڭغا قىزىقىپ توختاپ قاپتۇ: مەكتەپكە بارايمۇ ياكى دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ مۇزىكا ئاڭلايمۇ؟

ئاخىر ئۇ: «بۇگۈن بېرىپ بىر قېتىم ئاڭلاپ باقاي، ئەتە مەكتەپكە باراي» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ.

ئويۇن قويۇلۇۋاتقان يەرگە بىردەمدە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردىكى قونچاق ئويۇنى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانىكەن.



لېكىن ھەربىر ئادەم ئىككى يارماق بەرسە ئاندىن كۆرەلەيدىكەن.

پىنوككىئو بۇنداق قىزىقچىلىقنى كۆرۈپ، زالنىڭ ئىچىدە ئويۇن چوقۇم قىزىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. پۇلى بولمىغاچقا، كۆڭلەك ۋە شىلەپىسىنى ساتماقچى بوپتۇ. لېكىن كۆڭلىكى قەغەزدىن تىكىلىپ، شىلەپىسى بولكا ئۇۋۇ-قىدىن ياسالغاچقا، ئالىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. پىنوككىئو تەقەززا بولۇپ كېتىپ، يېڭى ئالغان ئېلىپبە كىتابىنى بىر چەتتىكى يايمىچىغا سېتىۋېتىپتۇ.

دادىسى گېپتو ئوغلىغا مۇشۇ كىتابنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پەلتوسىنى سېتىۋېتىپ، ھازىر ئۆيدە توڭلاپ تىترەپ ئولتۇرغانلىقىنى پىنوككىئو نەدە خىيالىغا كەلتۈرسۇن.





پىنوككىئو ياغاچ قونچاق تىياتىرخانىسىغا كىرىپتۇ. سەھنىدە ياغاچ قونچاقلارنىڭ ئويۇنى باشلىنىپ كەتكەنىكەن. خاركىن بىلەن پەنسىلۇ سەھنىدە ئۇرۇشۇۋاتقانىكەن. پىنوككىئونى كۆرۈپ ئۇلار تۇيۇقسىز توختاپ قاپتۇ.

خاركىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ:

— ئاۋۇ قېرىندىشىمىز پىنوككىئو ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

— توغرا، شۇ، پىنوككىئو! — دەپتۇ پەنسىلۇ.

«پىنوككىئو، قېرىندىشىمىز پىنوككىئو!» دېيىشىپ ناخشا ئېيتىش ئەترىتىدىكى ياغاچ قونچاقلار سەھنىگە چىقىپ چۇرقىراشقىلى تۇرۇپتۇ. دېكراتسىيىنىڭ كەينىدىكى قونچاقلارمۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ: «پىنوككىئو، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەل!» دەپ توۋلاپتۇ.

پىنوككىئو دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ، ياغاچ قونچاق قېرىنداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

پىنوككىئونىڭ كېلىشى بىلەن قونچاق ئويۇنى توختاپ قاپتۇ. ئويۇن كۆرىدىغانلار غوۋغا قىپتۇ.

بۇ چاغدا ياغاچ قونچاق تىياتىر ئۆمىكىنىڭ دىرېكتورى ئىشخانىسىدىن چىقىپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئېگىز، قوپال ئادەم بولۇپ، ئۇزۇن قارا ساقىلى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن، ئاغزى ئوچاقتەك چوڭ ئىكەن. كۆزلىرى قىزىل چىراغقا ئوخشاش يېنىپ تۇرىدىكەن. قولىدا يىلان ۋە تۈلكە قۇيرۇق-





دىن توقۇلغان قامچا بار ئىكەن.

بۇ قورقۇنچلۇق دىرېكتورنى كۆرۈپ، ھەممە ياغاچ قونچاقلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي، تىترەپ تۇرۇپتۇ.

— ئاۋۇ ياغاچ قونچاقنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ دىرېكتور خاركېن بىلەن پەنسىلۇغا: — ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن، مېنىڭچە ئۇ چوقۇم قۇرۇق ياغاچتىن ياسالغان، چاراسلاپ كۆيىدۇ.

دىرېكتورنىڭ يامان ئەلپازىنى كۆرگەن خاركېن بىلەن پەنسىلۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، پىنوككىئونى تۇتۇۋېلىپ، ئاشخانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. پىنوككىئو قورقىنىدىن «دادا، ئوبدان دادا، مېنى قۇتقۇزۇۋال، مېنى قۇتقۇزۇۋال!» دەپ توۋلاپتۇ.





# بەش تىللا

بۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ دىرېكتورىنىڭ تۇرقى قورقۇنچلۇق بولغان بىلەن كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىكەن. پىنوككىئونىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى نالىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. پىنوككىئودىن:

— داداڭ بىلەن ئاپاڭ ھاياتمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادام ھايات، ئاپامنى ئەزەلدىن بىلمەيمەن.

— ئەگەر سېنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتسەم، بىچارە داداڭ قانداق ئازابلىنىپ كېتەر... داداڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— گېپتو.

— نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

— تىلەمچى.

— قانچىلىك تاپاۋەت قىلىدۇ؟

— قانچىلىك بولاتتى، ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىرەر يارماقمۇ بولۇپ باققان ئەمەس.

«ۋاي بىچارە بوۋاي!» ئۆمەك دىرېكتورى يانچۇقىدىن بەش







تىللا ئېلىپ «مانا ماۋۇ بەش تىللانى داداڭغا ئاپىرىپ بەر» دەپتۇ.

پىنوككىئو پۇلنى ئېلىپ ھاياجان ئىچىدە قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپتۇ. قونچاقلار بىلەن بىرمۇبىر قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، يولدا ئاقساق تۈلكە بىلەن قارىغۇ مۈشۈككە ئۇچراپ قاپتۇ.

— ياخشىمۇ سەن پىنوككىئو، — دەپتۇ تۈلكە ھۆرمەت بىلەن. پىنوككىئو سەل ئەجەبلىنىپتۇ.

— ئىسمىمنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پىنوككىئو.

— چۈنكى داداڭ بىلەن ياخشى ئۆتىمەن.

— دادامنى نەدە كۆرگەنتىڭ؟

— تۈنۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيىڭ ئالدىدا.

— ئۇ نېمە قىلىۋېتىپتۇ؟

— توڭلاپ تىترەپ تۇرۇپتۇ.

— ئېھ، بىچارە دادام! لېكىن مەن بارغاندىن كېيىن ئۇ توڭلىمايدىغان بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى مەندە بەش تىللا بار، — دەپ يانچۇقىدىن بەش تىللانى ئېلىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپتۇ.



پارقىراپ تۇرغان تىللالارنى كۆرگەن تۈلكە بىلەن مۈ-شۈكنىڭ كۆزى قىزىرىپ پىنوككىئوغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن تۈلكە پىنوككىئوغا:

— پۇلۇڭنى تېخىمۇ كۆپرەك قىلىشنى، ئېيتايلۇق، 2500 تىللا قىلىشنى خالامسەن؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە خالايمەن. لېكىن قانداق قىلغاندا شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ؟

— مۈشۈكياپىلاق دۆلىتىگە بېرىش كېرەك.

پىنوككىئو باشتا بىچارە دادىسىنى ئويلاپ ئۇ يەرگە بې-رىشنى خالىماپتۇ. لېكىن تۈلكە بىلەن مۈشۈك ئۇنىڭ قول-تۇقىغا كىرىۋېلىپ، تىنماي نەسىھەت قىپتۇ. پىنوككىئو





ئويلىنىپ قاپتۇ. بىر كېچىدىن كېيىن بەش تىللا 2500 تىللاغا ئۆزگىرىدىغان ئىش بولسا نېمىشقا بېرىپ باقمايمەن؟

شۇنىڭ بىلەن پىنوككىئو ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.





# بۇلاڭچىغا ئۇچراش

ئۇلار مېڭىپ ـ مېڭىپ، كەچتە بىر سارايغا چۈشۈپ ئارام ئاپتۇ.

ئۇچى بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. تۈلكە بىلەن مۈشۈك نۇرغۇن قورۇما بۇيرۇتۇپ راسا يەپتۇ. لېكىن پىنوككىئو ناھايىتى ئاز يەپتۇ، گېلىدىن ئاران بىر توغرام گۆش ۋە نەچچە چىشلەم بولكا ئۆتۈپتۇ، كۆڭلىدە ھامان بەش تىللانىڭ قانچە تىللاغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپلا ئولتۇرۇپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى پىنوككىئو بىر ئۆيدە، تۈلكە بىلەن مۈشۈك يەنە بىر ئۆيدە يېتىپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ساراي خوجايىنى پىنوككىئونى ئويغاتقاندا، تۈلكە بىلەن مۈشۈك تاماق پۇلىنىمۇ تۆلىمەي كېتىپ قالغانىكەن.

پىنوككىئو بىر تىللانى بېرىپ، ئۈچەيلەننىڭ تاماق پۇلىنى تۆلەپ، خوجايىنىدىن:

— ئۇلار مېنى نەدە ساقلايدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.







— ئەتە سەھەر غەلىتە ئېتىزدا سېنى ساقلايدىكەن، — دەپتۇ ساراي خوجايىنى.

پىنوككىئو سارايدىن چىقىپ، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ مېڭىپتۇ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن دەرەخنىڭ غولىدا سۇس نۇر چېچىپ تۇرغان قۇرتنى كۆرۈپتۇ.

— سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ پىنوككىئو.

— مەن گېپى تولا قارا چېكەتكە، — دەپتۇ ھېلىقى قۇرت، — سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، تېز ئۆيۈڭگە قايت. يېنىڭدا قالغان تۆت تىللانى بىچارە داداڭغا ئاپىرىپ بەر. سەن ئۇنى ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندۇرگەنلىكتىن، ئۇ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

— ياق قايتمايمەن، ئەتە دادام بېيىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ تۆت تىللا 2 مىڭ تىللا بولىدۇ.

— بالام، ئۇ ئەسكىلەرنىڭ گېپىگە كىرمە.

— چوقۇم بارىمەن، — دەپتۇ پىنوككىئو قەتئىيلىك بىلەن.

— ھامان پۇشايمان يەيسەن.

— دەيدىغىنىڭ ھەمىشە شۇ گەپ. خەير ـ خوش قارا چېكەتكە.

پىنوككىئو قارا چېكەتكىنىڭ گېپىگە كىرمەي كېتە-







ۋېرىپتۇ. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپتۇ. كەينىگە قارىسا ئىككى سايە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك. پىنوككىئو ھودۇقۇپ كېتىپ، تۆت تىللانى ئاغزىغا سېلىپ تىلىنىڭ ئاستىغا بېسىۋاپتۇ.

تىللانى ئاغزىغا سېلىپ بولۇشىغا ئىككى قولىنى بىرسى تۇتۇۋاپتۇ.

— پۇلنى چىقار، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن.

پىنوككىئونىڭ ئاغزىدا تىللا بولغاچقا، جاۋاب بېرەلمەي، ھەر خىل قول ئىشارەتلىرى بىلەن ئۆزىدە پۇل يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— پۇلنى چىقارمىساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، داداڭنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز.

— ياق، ياق، ياق، بىچارە دادامغا چېقىلماڭلار. پىنوككىئو ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلاپتۇ. پىنوككىئونىڭ ئاغزىدىكى تىللالار جىرىڭلاپ كېتىپتۇ.

— ھەي خۇمپەر، تىللالارنى تىلىڭنىڭ ئاستىغا بېسىۋاپسەن - دە، تېز چىقار!

ئۇلارنىڭ بىرى قولى بىلەن پىنوككىئونىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بوپتىكەن، پىنوككىئو قاتتىق چىشلەپ بولاڭچىنىڭ قولىنى ئۈزۈۋاپتۇ. تۇكۇرۇپ قارىسا مۈشۈكنىڭ



قولى ئىكەن.

بۇلاڭچىلار پاتىپاراق بولۇۋاتقاندا پىنوككىئو قاتتىق سىلكىنىپ ئۇلاردىن ئۆزىنى ئاجرىتىۋېلىپ قېچىپتۇ، ئىككى بۇلاڭچى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئاخىر نەچچە چاقىرىم يۈگۈرۈپ ئورمانلىق ئىچىدىكى ئاق ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ ـ دە، ئىشىكنى ئالدىراش چېكىپتۇ.

لېكىن ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ.

ئىشىكنى كۈچەپ ئۇرۇپتۇ، تېپىپتۇ. تۇيۇقسىز دېرىزە ئېچىلىپ قارا چاچلىق بىر چىرايلىق قىز بالا كۆرۈنۈپتۇ. قىز بالا ئۇنىڭغا:

ــ بۇ يەردە ھېچكىم يوق. ھەممىيلەن ئۆلۈپ كەتكەن، ــ







دەپتۇ.

— ئەمىسە، ئىشىكنى سىز ئېچىپ بېرىڭ، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ پىنوككىئو تەقەززالىق بىلەن.

— مەنمۇ ئۆلگەن.

— بىراق مەن... — پىنوككىئو جىددىيلەشكەنلىكتىن گەپ قىلالماي قاپتۇ، — ئىشىكنى ئېچىپ، مەن بىچارىنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ...

پىنوككىئونىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپ بىرسى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ.

— ئاغزىڭنى ئاچ، — دەپتۇ بىر قورقۇنچلۇق ئاۋاز.

ئۇلار ئۆتكۈر پىچاقلىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە نەچچىنى تىقىپتۇ. لېكىن پىنوككىئو قاتتىق ياغاچتىن ياسالغاچقا، ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيلا قالماستىن، پىچاق سۇنۇپ كېتىپتۇ. «تاپتىم، تاپتىم» دەپتۇ ئۇلارنىڭ بىرى، «ئۇنى ئېسىپ قويايلى!»

— توغرا، ئۇنى ئېسىپ قويايلى، — دەپتۇ يەنە بىرسىمۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىنوككىئونىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ يوغان دۇب دەرىخىگە ئېسىپتۇ.

ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ياغاچ قونچاق





ئۆلمەستىن ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپتۇ. ئىككى بۇلاڭچى تۇرۇۋېرىشكە چىدىماي:

— ئەتە كۆرۈشەيلى. ئەتە بىز كەلگەندە چوقۇم ئۆلسەن، ئاغزىڭمۇ يوغان ئېچىلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ياغاچ قونچاق بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئاخىر نەپەسى ئاجىزلاپ، كۆزى يۇمۇلۇپ، ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ. پۈتۈن بەدىنى ئۈيۈشۈپ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قاپتۇ.







# تىللالارنى ئاخىر ئوغرىلاپ كېتىپتۇ

بىچارە پىنوككىئو دۇب دەرىخىگە ئېسىپ قويۇلۇپ ئۆ-
لەيلا دەپ قاپتۇ. ھېلىقى قارا چاچلىق قىز ئۇنى دېرىزىدىن
كۆرۈپ، ناھايىتى بىئارام بولۇپ مالىيى، بۈركۈت ۋە ئىتنى
قۇتۇلدۇرۇشقا ماڭدۇرۇپ، ھارۋا بىلەن ئۇنى ئۆيىگە ئالدۇرۇپ
كەپتۇ.

قارا چاچلىق قىز بۇ يەردىكى بىردىنبىر چىرايلىق پەرى-
زات بولۇپ، ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ يەردە يا-
شاۋاتقىنىغا مىڭ يىلدىن ئېشىپتۇ. ياغاچ قونچاق سىلىنىغان
ھارۋا ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ بىچارە قونچاقنى
كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ، داڭلىق ئۈچ دوختۇرغا
داۋالىتىپتۇ.

ياغاچ قونچاق ئاخىر ساقىيىپتۇ.

«ئەمدى ماڭا قانداق قىلىپ بۇ ئىككى بۇلاڭچىنىڭ قو-
لىغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەرگىن» دەپتۇ قارا
چاچلىق پەرىزات.







پىنوككىئو ياغاچ قونچاق ئويۇنچىلىرىنى كۆرگەندىن تارتىپ، ئىككى بۇلاڭچىنىڭ ئۇنىڭ تۆت تىللاسىنى بۇلىماقچى بولغانلىقىغىچە بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— تۆت تىللا ھازىر نەدە؟

— يىتتۈرۈپ قويدۇم، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ پىنوككىئو. ئۇ تىللالارنى يانچۇقىغا تىقىۋالغانىكەن.

پىنوككىئو يالغان گەپ قىلغاچقا بۇرنى بىر غېرىچ ئۇزىراپ كېتىپتۇ.

— نەدە يىتتۈرۈپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىزات.

— ئورمانلىقتا، — دەپ پىنوككىئو ئىككىنچى قېتىم يالغان ئېيتقانىكەن، بۇرنى تېخىمۇ ئۇزىراپتۇ.

— ئەمسە ئىككىمىز بېرىپ تېپىپ كېلەيلى.

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، — دەپتۇ پىنوككىئو ئوڭايسىزلىنىپ، — دورا يېگەندە تۆت تىللانى بىللە يۇتۇۋېتىپتىمەن.

پىنوككىئو ئۈچىنچى يالغان سۆزنى قىلىپ بولغاندا بۇرنى شۇنچىلىك ئۇزىراپتۇكى، ئۇ مىدىرلىيالمايدىغان، ئىشىك تۈۋىگىمۇ بارالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا پىنوككىئو يالغان گەپ قىلىشنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، ئۆزىنىڭ بۇنداق سەتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ، يىغلاۋېرىپ پىنوككىئو-



نىڭ كۆزى قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ.

پەرىزاتنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۈچ قېتىم چاۋاك چالغانىكەن، نەچچە يۈز تۆمۈر تۇمشۇق ئۇچۇپ كېلىپ، پىنوككىئونىڭ بۇرنىنى چوقۇلاپ ئەسلىي شەكلىگە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— قەدىرلىك پەرىزات، سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ پىنوككىئو كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— لېكىن بىچارە دادامچۇ؟

— داداڭغا خەۋەر بېرىۋەتتىم. بۈگۈن ئاخشام ئۇمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

— راستىما؟ — دەپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ پىنوككىئو، — ئەمىسە مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باراي.

— مەيلى، لېكىن يولدىن ئېزىپ كەتمە، ئورماننىڭ ئىچى بىلەن ماڭساڭ، چوقۇم تاپالايسەن.

شۇنىڭ بىلەن پىنوككىئو چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ دۇب دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئالدىدىن ئىككىيلەن چىقىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئاقساق تۈلكە بىلەن قارىغۇ مۈشۈك ئىكەن.

ئۇلار پىنوككىئونى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ:

— قانداق، ياخشى دوستىمىز پىنوككىئو، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟





«دېسەم گەپ تولا!» دەپ پىنوككىئو بۇلاڭچىلارنىڭ ئۆزى- نى بۇلىماقچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سېنى بۇلىماقچى؟... قانداق دېگەن گەپ بۇ! — دەپتۇ تۇلكە.

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، — دەپتۇ مۈشۈكمۇ.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا، پىنوككىئو مۈشۈكنىڭ سول پۇت پەنجىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ «سول پۇتۇڭنىڭ پەنجىسى قېنى؟» دەپ سوراپتۇ.

مۈشۈك نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرغاندا، تۇلكە ئالدىراپ - سالدىراپ:

— يولدا ئاچ قالغان بىر بۆرە ئالدىمىزغا تىلەمچىلىك قىلىپ كەلدى. بۇ دوستىمىز پۇتىنىڭ پەنجىسىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا بېرىپ، دەماللىققا ئۇنىڭ ھالىغا يەتتى، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پىنوككىئو قاتتىق تەسىرلىنىپ، قارىغۇ مۈشۈكنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مۈشۈككەن، دەپ ئويلاپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئۇلار ھېلىقى تىللالار توغرىسىدا سۆز- لىشىپتۇ. تۇلكە بىلەن مۈشۈك ئۇنىڭغا تىللالارنى غەلىتە ئې- تىزغا تېرىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، تۆت تىللانىڭ ئىككى مىڭ تىللا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پىنوككىئو سۆيۈملۈك پەرىزات، بىچارە دادىسى ۋە گېپى





تولا قارا چېكەتكىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

ئۇلار بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر پارچە بوز يەرگە يېتىپ كەپتۇ. تۈلكە: «يېتىپ كەلدۇق» دەپتۇ ـ دە، پىنوككىئوغا قولى بىلەن ئورەك كولاپ، تىللالارنى ئورەككە كۆمۈپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. پىنوككىئو شۇلار دېگەندەك قىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭغا 20 مىنۇتتىن كېيىن بۇ يەرگە كەلسە، بۇ يەردە بىر تۈپ دەرەخ ئۆسۈپ چىقىدىغانلىقىنى، دەرەختە نۇرغۇن تىللالارنىڭ ساڭگىلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پىنوككىئو بۇ غەلىتە ئېتىزدىن كېتىپتۇ. ئۇ 20 مىنۇتنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئېتىزغا قايتىپ كەلسە، تىللا دەرىخىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىگۈدەك. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا ياندىكى دەرەخكە قونۇۋالغان شاتۇتى پىنوككىئوغا:

— پىنوككىئو، ۋاي ئەخمەق پىنوككىئو! سەن بۇ يەردىن كەتكەندە تۈلكە بىلەن مۈشۈك تىللالىرىڭنى ئېلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتتى، — دەپتۇ.

پىنوككىئو ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئىشەنمەپتۇ. ئۇ توپىنى تاتىلاپ، ناھايىتى چوڭ تۆشۈك كولاپمۇ تىللالىرىنى تاپالماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پىنوككىئو بازاردىكى سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ سوتچىغا ئىككى ئەسكىنىڭ تىللالىرىنى بۇلاپ







كەتكەنلىكىنى ئەرز قىلىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

نەتىجىدە، بۇ سوتچى قوڭغۇراقنى باسقانىكەن، ئەسكەر فورمىسى كىيگەن ئىككى ئىت چىقىپتۇ. سوتچى پىنوككىئونى كۆرسىتىپ:

— بۇ شۇمتەكنىڭ تۆت تىللاسىنى خەق ئوغرىلىۋاپتۇ، ئۇنى تۈرمىگە قاماپ قويۇڭلار، — دەپتۇ.

پىنوككىئو بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاپ، تاكاللاشماقچى بولغانىكەن، ھېلىقى ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، تۈرمىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ تۆت ئاي قاملىپ، ئاندىن قويۇپ بېرىلىپتۇ.

پىنوككىئو بىچارە دادام قارا چاچلىق پەرىزاتنىڭكىدە مېنى ساقلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ پەرىزاتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئۇچ-قاندەك يۈگۈرۈپتۇ.







# كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئىت بولۇش

پىنوككىئو يولدا توختىماي يۈگۈرۈپتۇ. لېكىن يۈگۈر-گەنسېرى قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۈزۈمە-لۈكتىن ئۆتۈشكە توغرا كەپتۇ. ئۇ ئازراق ئۈزۈم ئوغرىلاپ قورساق ئاچلىقىنى باسماقچى بولۇپ تامدىن ئارتىلىپ چۈ-شۈشىگە، بىر پۇتى قاپقانغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ قاپقاننى دېھقان ئۈزۈم ئوغرىلايدىغان ئاغمىخاننى تۇتۇش ئۈچۈن قويۇپ قويغا-نىكەن، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا پىنوككىئونىڭ پۇتى چىڭ قىسى-لىپ قاپتۇ.

پىنوككىئو قاتتىق يىغلاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قى-لىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. كېچىدە ئۈزۈملۈكنىڭ خوجايىنى كېلىپ پىنوككىئونى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن:

— هەي ئوغرى! چۈجىلىرىمنى سەن ئوغرىلىغانمۇ؟ — دەپتۇ.

— ياق، ياق، مەن پەقەت ئىككى ساپاق ئۈزۈم يەي دەپ...









— ئۇزۇم ئوغرىلىغان ئوغرى چۇجىمۇ ئوغرىلايدۇ، تولا ۋالاقشىما! ئەدىپىڭنى بىر بېرىپ قوياي.

ئۇ پىنوككىئونىڭ بويىندىن كۆتۈرۈپ، ئۆيگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا كەلگەندە پىنوككىئونى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ:

— ئىتىمىز بۈگۈن ئۆلۈپ قالغانىدى. ھازىرچە كېچىسى كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئىت بولۇپ تۇر، سەن بىلەن ئەتە ھېسابلىشىمەن، — دەپتۇ.

ئۇزۇملۇك خوجايىنى پىنوككىئونىڭ پۇتىدىكى قاپقاننى ئېلىۋېتىپ، بوينىغا ئىتنىڭ بوينىغا سالىدىغان ھالقىنى سېلىپ، ھالقىدىكى زەنجىرنى قوزۇققا باغلاپ قويۇپتۇ.

قاراڭغۇ كېچىدە بىچارە پىنوككىئو بىر تەرەپتىن توڭلاپ، بىر تەرەپتىن قورسىقى ئېچىپ بەكمۇ قىينىلىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى قورقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىتنىڭ كاتىكىگە كىرىپ ئۇخلىماقچى بوپتۇ.

يېرىم كېچىدە تىرىقلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئىت كاتىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، تۆت ئاغىنىخانىنىڭ توخۇ — ئۆردەك كاتىكىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، چىش ۋە تىرناقلىرى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ بىر - بىرلەپ كاتەككە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار كاتەككە كىرىپ بولغاندىن كېيىن پىنوككىئو غىپپىدە كېلىپ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ،









ئىت ھاۋشىغاندەك قاتتىق ھاۋشىشقا باشلاپتۇ.

خوجايىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ پىنوككىئونىڭ يېنىغا كەپتۇ:

ــ نېمە بولدى؟

ــ ئوغرى كىردى.

ــ نەدە؟

ــ توخۇ ـ ئۆردەك كاتىكىدە.

تۆت ئاغمىخان ئاخىر خوجايىننىڭ قەپىزىگە سولىنىپتۇ. خوجايىن بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى بوپتۇ، پىنوككىئودىنمۇ مىننەتدار بوپتۇ.

ــ بالام، ماڭا ياردەم قىلدىڭ. ھازىر ساڭا ئەركىنلىك بەردىم، كەتسەڭ بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

خوجايىن پىنوككىئونىڭ بويىنىدىكى ھالقىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسىلەرنى بېرىپتۇ. پىنوككىئو ناھايىتى خۇش بولۇپ، پەرىزاتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ.





# قارا چاچلىق پەرىزات بىلەن يەنە ئۇچرىشىش

پىنوككىئو قارا چاچلىق پەرىزاتنىڭ ئۆيى بار يەرگە كېلىپ، ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ھېلىقى ئۆينى تاپالماپتۇ.

ئاخىر بىر تاشنى ئابىدىنى تېپىپتۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىپ قويۇلغانىكەن:

## قارا چاچلىق پەرىزاتنىڭ قەبرىسى

ئۇنى قېرىندىشى پىنوككىئو تاشلىۋەتكەنلىكتىن قايغۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

پىنوككىئو بۇ تاش ئابىدىنى كۆرگەن بولسىمۇ، خەت تونۇمىغانلىقتىن نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمەپتۇ. تەلىيىگە گېپى تولا قارا چېكەتكە ئوقۇپ بېرىپتىكەن، ئاندىن بىلىپتۇ.

ئابىدىدىكى خەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلگەندە پىنوككىئو ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. شۇنداق قايغۇلۇق يىغلاپتۇكى، كېچىچە يىغىدىن توختىماپتۇ. يىغلاپ







تۇرۇپ تاش ئابىدىنى مىڭ قېتىم سۆيۈپتۇ. يىغلاۋېرىپ ئاخىرىدا كۆزلىرىدىكى ياشمۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ.

مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چوڭ كەپتەر ئۇنىڭدىن:

— ھەي بالا، پىنوككىئونى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پىنوككىئو دەمسەن؟ مەن شۇ پىنوككىئو!

كەپتەر يەرگە ئاستا قونۇپ، پىنوككىئوغا مۇنداق دەپتۇ:

— گېپتونى بىلەمسەن؟ ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەن دېڭىز ياقىسىدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقان.

— ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئۇ دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ سېنى ئىزدەش ئۈچۈن كېمە ياساۋاتىدۇ.

— مېنى ئىزدەش ئۈچۈن؟ چىرايلىق كەپتەر، مېنى دۈمبەڭگە مىندۈرۈپ، دادامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويارسەنمۇ؟ — دەپتۇ پىنوككىئو كەپتەردىن ئۆتۈنۈپ.

كەپتەر ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. ئۇ پىنوككىئونى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ، دېڭىز ياقىسىغا كەپتۇ. كەپتەر پىنوككىئونى يەرگە قويۇپ، رەھمەت دېيىشىگىمۇ قارىماي ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

دېڭىز ياقىسىدا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلار بوۋاينىڭ كېمىسىنى دولقۇن يۇتۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ تو-



رۇشقانىكەن. پىنوككىئو زەن سېلىپ قاراپ دېڭىزدىكى بوۋاينىڭ ئۆزىنىڭ بىچارە دادىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاش ئۇستىگە چىقىپ، بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— دادا، دادا!

ئارىلىق ناھايىتى يىراق بولسىمۇ، گېپىتو قىرغاقتىكى ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ شىلەپىسىنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپتۇ. لېكىن تۇيۇقسىز بىر غايەت زور دولقۇن كېلىپ كېمىنى ئاغدۇرۇۋېتىپتۇ.

— بىچارە بوۋاي، — دەپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ قىرغاقتىكى كىشىلەر.

بۇلارنى كۆرگەن پىنوككىئو چىداپ تۇرالماي، ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزىنى دېڭىزغا ئېتىپتۇ.

«مەن بېرىپ دادامنى قۇتۇلدۇرىمەن» دېگىنىچە باتۇرلۇق بىلەن ئۈزۈپتۇ. پىنوككىئو ياغاچتىن ياسالغاچقا سۇدا لەيلەيدىكەن. بىراق دولقۇن بەك چوڭ بولغاچقا كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ئۈزەلمەپتۇ. ئەتىسى سەھەردە پىنوككىئونى دولقۇن بىر ئارالنىڭ قىرغىقىغا چىقىرىپ قويۇپتۇ.

قىرغاققا چىققاندىن كېيىن بۇ قاقاس ئارالدا پىنوككىئو يېرىم سائەت مېڭىپ، ئاران دېگەندە بىر مەھەللىگە كەپتۇ. بۇ يەر «ئىشچى ھەرىلەر كەنتى» دېيىلىدىكەن. ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراش بولۇپ، بىرەر-

مۇ بىكارچى بولمىغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغانىكەن.

— ۋايجان، — دەپتۇ ھۇرۇن پىنوككىئو ئۆز-ئۆزىگە، — بۇ يەردە قانداق تۇرارمەن؟ مەن يا ئىش قىلىش ئۈچۈن تۇغۇلمىغان تۇرسام!

لېكىن پىنوككىئونىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالى قالماپتۇ. نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەردىن يېگۈدەك نەرسە تىلەپتۇ. دەسلەپتە بىر ئىشچىغا ئۇچراپتۇ، ئۇ ھارۋىدا كۆمۈر ئېلىپ كېتىپ بارغانىكەن. پىنوككىئو خىجىل بولغاندەك پەس ئاۋازدا:

— ماڭا بىر يارماق بېرەرسىزمۇ؟ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ.

— بىر تىيىنمۇ يوق، — دەپتۇ ھېلىقى ئىشچى تەرىنى





سۇرتۇپ پۇشۇلداپ تۇرۇپ، ــ ئەگەر ھارۋىنى تارتىپ ئۆيۈمگە ئاپىرىشىپ بەرسەڭ، ساڭا ئىككى يارماق بېرىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىنوككىئونىڭ ئاچچىقى كەپتۇ:

ــ مەن ئېشەك ئەمەس! ئەزەلدىن ھارۋا تارتىپ باقمىغان.

يېرىم سائەتتە يىگىرمە نەچچە ئادەم ئۆتۈپتۇ. لېكىن پىنوككىئوغا بىر يارماقمۇ بەرمەپتۇ.

ئاخىر بىر مۇلايىم ئايالغا ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى كومزەك سۇ بار ئىكەن.

ــ ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بېرەرسىزمۇ؟ ــ دەپتۇ پىنوككىئو.

ــ ئىچكىن بالام، ــ دەپتۇ ھېلىقى ئايال مۇلايىملىق بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن پىنوككىئو چاڭقاپ كەتكەن بېلىقتەك سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئاخىر پىنوككىئو:

ــ ئۇسسۇزلۇقۇم قاندى، لېكىن قورسىقىم تېخى ئاچ، ــ دەپتۇ.

ھېلىقى مۇلايىم ئايال پىنوككىئوغا بۇ ئىككى كومزەك سۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرسە، بىر توغرام مەززىلىك بولكا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن پىنوككىئو ماقۇل بولماپتۇ.

ــ بولكىدىن باشقا، ــ دەپتۇ ھېلىقى مۇلايىم ئايال، ــ







يەنە بىر تەخسە قورۇما بېرىمەن.

پىنوككىئو بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولماپتۇ.

— قورۇمىدىن باشقا يەنە بىر پارچە تورت بېرىمەن.

بۇ چاغدا پىنوككىئونىڭ قورسىقى ئېچىپ چىدىيالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىشىنى چىشلەپ ئىككى كومزەك سۇنى ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

ئۇ يەردە پىنوككىئو بولكا، قورۇما، تورتلارنى بۆرىدەك يالماپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

پىنوككىئو قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ھېلىقى ئايالغا رەھمەت ئېيتماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇيۇقسىز داڭ قېتىپ قاپتۇ ـ دە، «ئوھوي» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— نېمىشقا بۇنداق ھەيران قالىسەن؟ — دەپتۇ مۇلايىم ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ.

«بۇ...» پىنوككىئو تۇزۇكرەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قاپتۇ، «بۇ... سىز گويا... ئاۋازىڭىز... كۆزىڭىز ۋە چېچىڭىز... يادىمغا كەلدى... ئېھ، كىچىك پەرىزات! مېنىڭ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، تارتقان جاپالىرىمنى بىلسىڭىز...»

پىنوككىئو يولغا تىزلىنىپ، ھېلىقى ئايالنىڭ پۇتلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.









# تۇنجى قېتىم مەكتەپكە بېرىش

قارا چاچلىق پەرىزات ياغاچ قونچاقنىڭ ئۆزىنى تونۇغانلىقىنى بىلىپ، سەممىمىيلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— يادىڭىزدىمۇ، سەن يېنىمدىن كەتكەندە مەن تېخى بالا ئىدىم. مانا ئەمدى چوڭ بولۇپ، ساڭا ئانا بولغۇدەك بولۇپ قالدىم.

— سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىزنى ئانا قىلىۋالىمەن. مېنىڭمۇ باشقا باللارنىڭكىگە ئوخشاش ئانام بولۇشى كېرەك... مەنمۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— چوڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك.

— قانداق قىلغاندا ئادەم بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن قارا چاچلىق پەرىزات ئۇنىڭغا: «بىرىنچىدىن، باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، كىتاب ئوقۇشقا ۋە ئىشلەشكە ئامراق بولۇشۇڭ كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، يالغانچىلىق قىلماسلىقىڭ كېرەك»







دەپتۇ.

پىنوككىئو ئادەم بولۇش، ياخشى بالا بولۇش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھەممە ئىشنى قارا چاچلىق پەرىزات-نىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشقا بەل باغلاپتۇ.

ئەتىسى پىنوككىئو ھۆكۈمەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپتۇ.

پىنوككىئو كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپتۇ، ئۇ ناھايىتى ئەقىل-لىق ئىكەن. مەكتەپكە ھەممىدىن بالدۇر بېرىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدىكەن. بىرلا كەمچىلىكى دوستلىرى بەك كۆپ ئىكەن. دوستلىرى ئىچىدە كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان بىرنەچچە ئەسكى بالا بار ئىكەن.

مۇئەللىم ھەر كۈنى ئۇنى ئۇلار بىلەن ئوينىماسلىققا ئا-گاھلاندۇرۇپتۇ، پەرىزاتمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ. لېكىن پىنوككىئو گەپكە كىرمەپتۇ.

بىر كۈنى مەكتەپكە كېتىۋاتقاندا، بىر ئەسكى دوستى ئۇنىڭغا دېڭىز ياقىسىدا ئىت ئاكۇلاسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ تېنى كىچىكرەك بىر تاغچىلىك كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— راستىما؟ — دەپتۇ پىنوككىئو ھەيران بولۇپ، — ئاشۇ ئاكۇلا دادامنى يۇتۇپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە.

شۇنىڭ بىلەن پىنوككىئو ھېلىقى باللار بىلەن بىر-لىكتە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ دېڭىز بويىغا يۈگۈرۈپتۇ.



لېكىن دېڭىز بويىغا بېرىپ، پىنوككىئو ھەرقانچە ئىز-

دەپمۇ ھېلىقى يوغان ئىت ئاكۇلاسىنى تاپالماپتۇ. پىنوككىئو ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلار بىلەن دېيىشىپ قاپتۇ، ئاخىردا مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ.

بالىلار كىتابلىرىنى پىنوككىئوغا ئېتىپتۇ. پىنوككىئو چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغانىكەن، كىتابلار دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بالىلار ئۆزىنىڭ كىتابلىرىنى ئېتىپ تۈگىتىپ، پىنوككىئونىڭ سومكىسىدىن قېلىن ماتېماتىكا كىتابىنى ئېلىپ پىنوككىئوغا ئېتىپتۇ. لېكىن بۇ كىتاب پىنوككىئوغا تەگمەي، بىر ھەمراھىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ بالىنىڭ چىرايى دەرھال ئاقىرىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بالىلار ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ.





پىنوككىئو يۈگۈرۈپ بېرىپ ھېلىقى بالىنى يۆلەپ، ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ بالا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماپتۇ. پىنوككىئو يىغلىۋېتىپتۇ. ئانىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئاشۇ ئەسكى بالىلارغا ئارىلىشىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا پىنوككىئونىڭ كەينىدىن ئىككى ئەسكەر كېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ئەسكەرلەر يارىلانغان بالىنى بېلىقچىنىڭ قاراپ قويۇشىغا تاپشۇرۇپ پىنوككىئونى بازارغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

پىنوككىئو كۆڭلىدە بەك ئازابلىنىپتۇ.

بازارغا يېتىپ بارغاندا، پىنوككىئونىڭ شلەپىسىنى شامال بېشىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. پىنوككىئو ئەسكەرلەردىن شلەپىسىنى ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى سوراپتۇ. ئەسكەرلەر ماقۇل بوپتۇ. لېكىن پىنوككىئو شلەپىنى ئېلىپ، بېشىغا كىيمەي ئاغزىغا چىشلىۋېلىپ، دېڭىز ياقىسىغا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپتۇ.

ئەسكەرلەر ئۆزلىرى قوغلاشقا ئېرىنىپ ئوۋ ئىتىنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئىت پىنوككىئوغا يېتىۋېلىشقا ئاز قالغاندا دېڭىز بويىغا كېلىپ قالغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن پىنوككىئو ھېچنېمىگە قارىماي ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ...

پىنوككىئو بىر نېمىلەرنى قىلىپ مۇشكۇلچىلىكتىن قۇتۇلۇپتۇ.









دېڭىزدا بىردەم لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن قىرغاققا چىقىپ بېلىقچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇ بېلىقچىدىن ھۆرمەت بىلەن:

— ياردار بولغان بالىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ بوۋا، — دەپ سوراپتۇ.

— خەۋىرىم بار، خەۋىرىم بار. ئۇ ناھايىتى خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى قىل قالدى. لېكىن ھېلىمۇ تىرىك، ئۆيىگە كەتتى.

— بۇ چاتاقنى كىمنىڭ تاپقانلىقىنى بىلدىڭىزمۇ؟

— پىنوككىئو دېگەن بىرسى شۇنداق قىپتۇ.

— پىنوككىئو دېگەن كىمكەن؟

— ئۇلار ئۇنى ئەسكى بالا، قەبىھ لۈكچەك دەيدىغۇ.

پىنوككىئو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئازابلىنىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن پىنوككىئو بۇ بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ يالىڭاچلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مايكا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ.

پىنوككىئو پەرىزاتنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. لېكىن ئىشىككە يېقىن كەلگەندە روھى چۈشۈپ، ئىشىكنى چېكىشكە پېتىنالماپتۇ. پەرىزاتنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن قورقۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ، بوران چىقىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندا ئىشىككە تۆتىنچى قېتىم بېرىپ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئىشىكنى يېنىك بىرنەچچىنى چېكىپتۇ.









يېرىم سائەت ساقلىغاندىن كېيىن تۆتىنچى قەۋەتتە چوڭ قۇلۇلە دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپتۇ.

— پەرىزات ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ياغاچ قونچاق.

— پەرىزات ئۇخلاپ قالدى، ساقلاپ تۇر، ئىشىكنى مەن ئېچىپ بېرەي.

— رەھمەت ساڭا قۇلۇلە، لېكىن تېزراق ئېچىپ بەرگەن بولساڭ، مەن بەك توڭلاپ كەتتىم.

— ھەي بالا، قۇلۇلە مەڭگۈ تېز ماڭالمايدۇ.

ئىككى سائەت ئۆتۈپتۇ. لېكىن ئىشىك ئېچىلماپتۇ. پىنوككىئونىڭ پۇتۇن بەدىنى ھۆل بولۇپ، توڭلىغىنىدىن كاسىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بوپتۇ، سائەت بىر بوپتۇ، ئىككى بوپتۇ. ئىشىك يەنىلا ئېچىلماپتۇ. پىنوككىئو چىدىيالماي، ئىشىكنى تېپىپتۇ. بەك قاتتىق تەپكەنلىكتىن ئىشىك تېشىلىپ كېتىپ پۇتى تۆشۈككە كىرىپ قاپتۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ پۇتىنى چىقىرالماپتۇ.

بىچارە پىنوككىئو ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە بىر پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

كۈن چىققاندا ھېلىقى قۇلۇلە ئىشىككە يېتىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ. پىنوككىئو ئۇنىڭدىن پۇتىنى چىقىرىۋېلىشقا ياردەملىشىشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن قۇلۇلە مەن ياغاچچى ئەمەس، ياردەم قىلالمايمەن، دەپتۇ. پىنوككىئو ئاچلىققا چىدىماي قۇلۇلىدىن يەيدىغان نەرسە ئەكىلىپ بې-





رىشنى سوراپتۇ. نەتىجىدە ئۈچ يېرىم سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، قۇلۇلە بوردىن ياسالغان بولكا، قېلىن قەغەزدىن ياسالغان توخۇ گۆشى ۋە گەجدىن ياسالغان تۆت دانە ئۆرۈكنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى يېگىلى بولمايدىكەن.

پىنوككىئو يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىدىن ئاخىر هوشىدىن كېتىپتۇ.

هوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پەرىزات ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇدەك.

— سېنى يەنە بىر قېتىم ئەپۇ قىلاي، — دەپتۇ پەرىزات، — لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئەپۇ قىلمايمەن.

ياغاچ قونچاق مىننەتدار بولۇپ، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشقا، يارامىلىق ئادەم بولۇشقا قەسەم بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ.

پىنوككىئو ئىمتىهاندا دائىم سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولىدىكەن، ئەخلاقىمۇ ياخشى ئىكەن. پەرىزات ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەتە سەن ياغاچ قونچاق ئەمەس، راست بالىغا ئۆزگىرىسەن، — دەپتۇ.

ياغاچ قونچاق بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. هەممە ساۋاقداشلىرىنى چايغا ئېيتىپ، ئۆيىدە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ.







# تاماشا دۆلىتىگە بېرىش

شۇ كۈنى پىنوككىئو پەرىزاتتىن بىرنەچچە دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىشنى سوراپتۇ. پەرىزات:

— بارغىن، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك.

— بىر سائەتتىلا قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ پىنوككىئو.

بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا پىنوككىئو ھەممە دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەتە ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چاي ئىچىشكە كېلىشىپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. ئاخىرىدا ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئۆتۈشىدىغان شام پىلىكى دېگەن لەقىمى بار بالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

شام پىلىكى مەكتەپ بويىچە ئەڭ ھورۇن، ئەڭ كەپسىز بالا ئىكەن. پىنوككىئو ئۇلارنىڭكىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ





ئىزدەپ، ئۇنى ئاران دېگەندە كىچىك بىر ئۆيىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدىن تېپىپتۇ.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پىنوككىئو ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

— ساقلاۋاتىمەن. يېرىم كېچىدە تاماشا دۆلىتى دېگەن يەرگە بارىمەن. ئۇ يەر دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق يەر.


— ئۇنداق بولسا تاماشا دۆلىتىدىكى ئادەملەر نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوينايدىكەن، كۆڭۈل ئاچىدىكەن، مەكتەپ يوق ئىكەن، مۇئەللىممۇ يوقكەن. سېنىڭچە قانداقكەن؟

«ھە!...» پىنوككىئو «بۇ يەر بولىدىكەنغۇ، مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

پەرىزاتنىڭ دېگەنلىرى پىنوككىئونىڭ يادىدا بولسىمۇ، لېكىن شام پىلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن خېلىغىچە ئىككىلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ كېلىشىپ قويغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تاماشا دۆلىتىگە بارىدىغان ھارۋىمۇ كەپتۇ، ھارۋىدىكى بالىلار ئۇنى تاماشا دۆلىتىگە بېرىپ ئويناشقا دەۋەت قىپتۇ.

ياغاچ قونچاق بىردەم ئارىسالدى بولۇپ، ھارۋىغا قوشۇلغان ئېشەككە مىنىپ، ئۇلار بىللە مېڭىپتۇ.





بۇ تاماشا دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى پۈتۈنلەي باللار بولۇپ، ئەڭ چوڭلىرى14 ياش، كىچىكلىرى سەككىز ياشقىمۇ كىرمىگەنىكەن. ئۇلار كۈن بويى توپ ئوينايدىكەن، ناخشا ئېيتىدىكەن، ياغاچ ئاتقا مىنىدىكەن، مۆكۈشمەك ئوينايدىكەن.

ئۇلار ئۇ يەردە خۇشال - خۇرام بەش ئاي ئويناپتۇ.

لېكىن بىر كۈنى پىنوككىئو چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە، بېشىنى سىيلاپ بېقىپ چۆچۈپ كېتىپتۇ: قۇلىقى يوغىناپ قولىدىنمۇ چوڭ بولۇپ كەتكەنىدى.

تەلەڭگىگە سۇ ئەكېلىپ سۇغا قاراپ، بېشىدا ئېشەكنىڭكىدەك ئىككى قۇلاقنى كۆرۈپتۇ.

بىچارە پىنوككىئو ھەم ئاچچىقى كېلىپ، ھەم ئىزا تارتىپ، يىغلاپ نالە قىپتۇ. لېكىن ئۇ يىغلىغانسېرى ئىككى قۇلىقى ئۇزىراپ كېتىپتۇ. كېيىن قۇلاقلارغا تۈك چىقىشقا باشلاپتۇ.

پىنوككىئو بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيىپ قۇلىقىنى يوشۇرۇپ، شام پىلىكى بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپتۇ. شام پىلىكىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇزۇن قالپاق كىيىۋالغانىكەن. ئۇلار قالپاقلىرىنى تەڭ ئېلىۋېتىپ، قارشى تەرەپنىڭ بېشىغا چىقىپ قالغان ئېشەك قۇلاقلىرىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. لېكىن كۈلۈۋېرىپ ئاخىر كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى شام پىلىكى بىلەن پىنوككىئو ئىككى تەخىگە



ئايلىنىپ قالغانىكەن.

دەل شۇ چاغدا سىرتتىن بىرسىنىڭ «مەن سىلەرنى تاماشا دۆلىتىگە ئېلىپ كەلگەن ھارۋىكەش بولىمەن. ئەمدى سىلەرنى ئېلىپ كېتىمەن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.





# ئېشەك بولغاندىن كېيىن

هارۋىكەش باشتا ئۇلارنى سىيلاپتۇ، بەدىنىدىكى تۈكلىرىنى تارغاق بىلەن تاراپتۇ. ئاندىن بويىنىنى چىڭ ئارغامچا بىلەن باغلاپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىپتۇ.

شام پىلىكىنى بىر دېھقان سېتىۋاپتۇ، پىنوككىئونى سېرىك ئويۇنى قويىدىغانلار سېتىۋاپتۇ.

سېرىك ئويۇنى قويىدىغانلارنىڭ باشلىقى پىنوككىئونى ئېغىلغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا شال پاخلى ۋە قۇرۇق ئوت سېلىپ بېرىپتۇ. پىنوككىئو قۇرۇق ئوت بىلەن شال پاخلىنى يېمەي تۇرۇۋالغاچقا، ئىگىسى قامچا بىلەن ساۋاپتۇ. ئاخىر قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي، يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

پىنوككىئو يىغلىماقچى بولسىمۇ، يىغلىيالماپتۇ، كۆزىدىن ياشمۇ چىقماپتۇ. «ئېھ، خۇدا! مېنىڭ بۇ كەچۈرمىشىم ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان باللارغا ئىبرەت بولسۇن» دەپ ئويلاپتۇ بىچارە پىنوككىئو.

ئەتىسى خوجايىن پىنوككىئونى يېتىلەپ چىقىپ، موللاق ئېتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا بۇيرۇپتۇ. پىنوككىئو ئۇ-







نىمىسا ياكى قاملاشتۇرالمىسا، خوجايىن ئۇنى قامچا بىلەن ساۋاپتۇ. ئۈچ ئاي مۇشۇنداق جاپا تارتىپ، بولارنى ئاخىر ئۆگىنىپتۇ.

ئۇلار پىنوككىئونى ئويۇن قويۇشقا ئېلىپ چىقىپتۇ. كوچىلارغا «سېرىك ئويۇنى كېچىلىكى» توغرىسىدىكى ئېلانلار چاپلىنىپتۇ. ئېلانغا مۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ:

**كۆرۈشكە ئالدىراڭلار**

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئاتاقلىق ئۇسسۇل چولپىنى تەخەي پىنوككىئو تۇنجى قېتىم ئويۇن كۆرسىتىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە تىياتىرخانىنىڭ لوژا، ئورۇندۇقلىرى ئادەم بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ.

پىنوككىئونى ئېگىسى سەھنىگە يېتىلەپ چىقىپ، بىرنەچچە قامچا ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويۇن كۆرسىتىشنى باشلاپتۇ. لېكىن ئويۇن قويۇش ئارىلىقىدا لوژىدىكى چىرايلىق ئايالنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بويىنىدا ئالتۇن زەنجىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ياغاچ قونچاقنىڭ خاتىرە ئىزنىكى ئېسىلغانىكەن.

«ئاۋۇ مېنىڭ ئاپام...» پىنوككىئو دەرھال ۋارقىراشقا باشلاپتۇ، «ئېھ كىچىك پەرىزات، ئېھ كىچىك پەرىزات!»







لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئادەمنىڭ گېپى چىقماي، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنى ئاڭلىنىپتۇ. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار بۇنىڭدىن قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ. كۈلكە نەتىجىسىدە پىنوككىئو يەنە نەچچە قامچا يەپتۇ.

ئاخىرىدا پىنوككىئو چەمبەردىن سەكرەش ئويۇنىنى كۆرسىتىپتۇ. پىنوككىئونى غەم بېسىۋېلىپ، سەل بىپەرۋالىق قىلغانلىقىدىن، چەمبەرگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇتىنى زەخىملەندۈرۈۋېلىپ، ئاقساق تەخەي بولۇپ قاپتۇ.

خوجايىنى ئۇنى داۋالىتىشقا مال دوختۇرى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. لېكىن مال دوختۇرى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى سېرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى پىنوككىئونى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى دۇمباق ياسايدىغان ئادەمگە سېتىپ بېرىپ:

— بۇنىڭ تېرىسى ناھايىتى چىڭ، دۇمباق قىلىشقا يارايدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى تىجارەتچى پىنوككىئونى دېڭىز بويىغا يېتىلەپ بېرىپ، بوينىغا ناھايىتى ئېغىر تاشنى باغلاپ، ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، دېڭىزغا پولتۇڭگىدە تاشلىۋېتىپتۇ.

پىنوككىئونىڭ ئۆلۈشىنى كۈتۈپ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ.







# ئىت ئاكۇلاسىنىڭ قارنىدا

پىنوككىئو سۇ ئاستىدا 50 مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم بويىنىغا باغلانغان ئارغامچىنى تارتىپتۇ.

لېكىن تارتىپ چىققىنى ئۆلۈك تەخەي بولماستىن، تىرىك ياغاچ قونچاق بولۇپ قاپتۇ.

ئارغامچىنى تارتقان تىجارەتچى بۇ ياغاچ قونچاقنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ ھاقۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— مەن دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن تەخەي نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن شۇ تەخەي بولىمەن، — دەپتۇ پىنوككىئو كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن تەخەي بولساڭ ئەمدى نېمىشقا ياغاچ قونچاق بولۇپ قالدىڭ؟

— ئەپەندىم، بۇ ھەقتىكى ھېكايىنى بىلگۈڭىز بارمۇ؟





ئۇنداق بولسا بوينۇمدىكى ئارغامچىنى يېشىۋېتىڭ، مەن سۆزلەپ بېرەي.

تىجارەتچى ئارغامچىنى يېشىۋېتىپتۇ. پىنوككىئو ئەركىنلىككە چىقىپ، قەپەزدىن چىققان قۇشتەك خۇش بولۇپ، ئۆزى ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئوقۇشقا كۆڭۈلسىمىگەنلىكىنى، ئەسكى دوستلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ، تاماشا دۆلىتىگە بېرىپ تەخەي بولۇپ قالغانلىقىنى، تەخەي دېڭىزغا تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن سانسىز بېلىقلار ئولىشىپ گۆشىنى يەپ كەتكەنلىكتىن، ئېشىپ قالغان ياغاچ ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا بېلىقلارنىڭ چىشى ئۆتمەي كېتىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پىنوككىئو ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، دېڭىزغا سەكرەپلا قېچىپ كېتىپتۇ.

ئۇ دېڭىزدا لەيلەپ تىنىماي ئۈزۈپتۇ. بىردەم ئۈزگەندىن كېيىن، دېڭىزدا بېشى چىقىپ تۇرغان قورقۇنچلۇق غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ چوڭلۇقىنى تەسۋىرلىگىلى بولمايدىكەن، ئاغزى ئېچىلسا تاغنىڭ غارىغا ئوخشايدىكەن.

بۇ ھەقىقىي ئىت ئاكۇلاسى ئىكەن.









پىنوككىئو بۇ غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈپ جىنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ، ناھايىتى تېز ئۈزۈپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق تېز ئۈزۈپ باقمىغانىكەن. لېكىن غەلىتە مەخلۇق ئۇنىڭدىنمۇ تېز ئۈزۈپ، ئاغزىنى ئېچىپ، سۇنى سۈمۈرۈپ، پىنوككىئونى سۇ بىلەن قوشۇپ يۇتۇپ كېتىپتۇ.

پىنوككىئو ئىت ئاكۇلاسىنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىت ئاكۇلاسىنىڭ قورسىقىدا ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار، — دەپ توۋلاپتۇ.

— سېنىڭچە، سېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— گەپ قىلىۋاتقان كىم؟ — دەپتۇ پىنوككىئو قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ.

— مەن، سەن بىلەن بىللە ئىت ئاكۇلاسىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ قالغان تۇنۇس بېلىقىمەن.

— بىزنى يۇتۇۋەتكەن ئىت ئاكۇلاسى بەك چوڭمۇ؟

— ناھايىتى چوڭ. قۇيرۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى چاقىرىم كېلىدۇ.



بۇ چاغدا پىنوككىئو يىراقتىكى غۇۋا يورۇقلۇقنى كۆرۈپ قېلىپ، تۇننۇس بېلىقىغا «خەير ـ خوش» دەپ قويۇپ، يورۇقلۇق كۆرۈنگەن تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ.









# خاتىمە

پىنوككىئو قاراڭغۇدا تىمسىقلاپ يۈرۈپ يورۇقلۇق كۆرۈنگەن يەرگە ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شۇنداق قاراپلا ھەيرانلىقىدىن ئەقلىدىن ئازغىلى تاس قاپتۇ: ئۇ، ئۇ يەردە بىر شىرەنى، شىرەدىكى يېشىل ئەينەك شېشىگە سانجىپ ياندۇرۇپ قويۇلغان شامنى كۆرۈپتۇ. شىرەنىڭ كەينىدە چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن بوۋاي ئولتۇرغۇدەك — ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، دەل پىنوككىئونىڭ دادىسى — بىچارە گېبتو ئىكەن.

— ئېھ! قەدىرلىك دادا، سېنى ئاخىر تاپتىم. بۇنىڭدىن كېيىن سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن! مېنى ئەپۇ قىلارسەنمۇ؟ — دەپ پىنوككىئو بىچارە دادىسىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پىنوككىئو دادىسىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن پىنوككىئو:

— سەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغىلى قانچىلىك بولدى، — دەپ سوراپتۇ.





— ئىككى يىل بولدى، قەدىرلىك پىنوككىئويىم. بۇ ئىككى يىل خۇددى 200 يىلدەك بىلىنىپ كەتتى!

— ئەمىسە بۇ شىرە بىلەن شام نەدىن كەلدى؟

گېپتو چۆكۈپ كەتكەن كېمىنى ئىت ئاكۇلاسى يۇتۇۋال-غانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، چۆكۈپ كەتكەن كېمىدە گۆش، پې-چىنە، قايماق، چاي، شېكەر، شام، تاتلىق سۇ، سەرەڭگە قاتار-لىق نەرسىلەر بولغاچقا، شۇلارغا تايىنىپ ھازىرغىچە ياشاپ-تۇ. لېكىن بۇ نەرسىلەر تۈگەپتۇ، ھازىر ئاخىرقى بىر تال شامنى يېقىپ قويۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، قەدىرلىك دادا، — دەپتۇ پىنوككى-ئو، — بىز قېچىپ چىقىپ كېتەيلى.

— قاچىمىز، قانداق قاچىمىز؟

— ئىت ئاكۇلاسىنىڭ ئاغزى بىلەن دېڭىزغا قېچىپ چىقىمىز، ئاندىن قىرغاققا ئۈزۈپ بارىمىز.

— لېكىن، قەدىرلىك پىنوككىئو، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن.

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق، ئۇستۇمگە مىنىۋالساڭ بولىدۇ.

پىنوككىئو ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن دادىسىنى يېتى-لەپ، ئىت ئاكۇلاسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. پىنوككىئو دادىسىغا پات - پات «قورقما دادا» دەپ مەدەت بېرىدىكەن. ئۇلار



خېلى مېڭىپ ئىت ئاكۇلاسىنىڭ بويىنىغا كەپتۇ. ئىت ئاكۇلا-
سى ئاغزىنى ئاچقاندا كۆپكۆك ئاسماننى كۆرۈپتۇ.

ئۇلار پۇتىنىڭ ئۇچىدا يېنىك دەسسەپ، ئىت ئاكۇلاسى-
نىڭ تىلى بىلەن مېڭىپ، ئۈچ رەت دەھشەتلىك چىشلارنىڭ
يېنىغا كەپتۇ. پىنوككىئو:

— دۈمبەمگە چاپلىشىپ، بوينۇمنى قۇچاقلىۋال، —
دەپتۇ.

گېپتو پىنوككىئونىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، دۈمبىسىگە
مىنىپتۇ. پىنوككىئو ئىت ئاكۇلاسىنىڭ ئاغزىدىن باتۇرلۇق
بىلەن سەكرەپ چىقىپ، دېڭىزغا چۈشۈپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

باشتا پىنوككىئو ناھايىتى كۈچەپ، تېز ئۈزۈپتۇ؛
لېكىن كېيىنچە ھېرىپ ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. تەلىيە-





گە بىللە قېچىپ چىققان تۇنۇس بېلىقى ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى قىرغاققا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

بۇ چاغدا كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىكەن. گېپىتو بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ماڭالماي قاپتۇ. لېكىن پىنوككىئو قولىنى سۇنۇپ، باتۇرلۇق بىلەن: «قەدىرلىك دادا، بىلىكىمگە ئېسىلىۋال، سىنى يۆلەپ ماڭاي» دەپتۇ.

ئۇلار يولدا ئىككى تىلەمچىگە ئۇچراپتۇ: بىرى ھېلىقى ئاقساق تۈلكە، يەنە بىرى قارىغۇ مۈشۈك ئىكەن. مۈشۈك بۇرۇن يالغاندىن قارىغۇ بولۇۋالغانىكەن، ئەمدى راست قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. تۈلكىنىڭ بەدىنىنى قوتۇر بېسىپ كېتىپتۇ.

— ئەي پىنوككىئو، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ياخشى-لىق قىلىپ قوي، ياخشىلىق قىلىپ قوي، — دەپتۇ تۈلكە.

— ياخشىلىق قىلىپ قوي، — دەپتۇ مۈشۈكمۇ.

— يوقىلىش، ئالدامچىلار، — دەپتۇ پىنوككىئو، — پۇل ئوغرىلىغانلار مەڭگۈ ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدۇ!

پىنوككىئو دادىسىنى يۆلەپ، داۋاملىق مېڭىپ، بىر قومۇش كەپىگە يېتىپ كەپتۇ.

— ئىشىك چەككەن كىم؟

— بىز، دادا - بالا ئىككىمىز، يەيدىغان نەرسىمىز، ياتىدىغان جايىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پىنوككىئو. شۇنداق دەپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى ئاستا تولغاپتىكەن، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۇلار كىرىپ زەن سېلىپ قارىسا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ.





— ۋۇي! ئۆي ئىگىسى نەدىدۇ؟

— مايەردە، — دېگەن ئاۋاز يۇقىرىدىن ئاڭلىنىپتۇ.

پىنوككىئو بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە قاراپ، گېپى تولا قارا چېكەتكىنى كۆرۈپتۇ.

— ئېھ قەدىرلىك قارا چېكەتكە! — دەپ پىنوككىئو ھۆرمەت بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

— ئوھوي! ئەمدى مېنى قەدىرلىك قارا چېكەتكە دەۋاتىسەن، بۇرۇن مېنى كالتەك بىلەن ئۇرغىنىڭ يادىڭدىمۇ؟

— يادىمدا، لېكىن مېنى ئەپۇ قىلىڭ...

گېپى تولا قارا چېكەتكە بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى — ھېلىقى قارا چاچلىق پەرىزاتنىڭ مەڭگۈ كەلمەيدىغانلىقىنى، ماڭىدىغان چاغدا كۆڭلى يېرىم بولۇپ: «بىچارە پىنوككىئونى چوقۇم ئاكۇلا يەپ كەتتى. ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پىنوككىئو يىغلاپ كېتىپتۇ. بىردەم يىغلاپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، دادىسى ئۇخلايدىغانغا يۇمشاق ئورۇن راسلاپ بېرىپتۇ. ئاندىن گېپى تولا قارا چېكەتكىدىن:

— بىچارە دادامغا نەدىن بىر چىنە سۈت تېپىپ كېلەلەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دېھقان جىننىڭ ئۆيىگە بار.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى جىننا ئىسىملىك دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە دېھقانغا يۈز چىلەك سۇ





توشۇپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ، بىر چىنە سۈتكە ئىگە بوپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇدا بەش ئاي ھەر كۈنى سەھەردە دېھقانىنىڭكىگە بېرىپ سۇ توشۇپ، دادىسىغا بىر چىنە سۈت ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بورا ۋە سېۋەت توقۇيدىغان ھۈنەرنى ئۆگىنىپ، پۇل تېپىپ كۈندىلىك تۇرمۇش خىراجىتى قىپتۇ.

ئۇ يەنە، چاقلىق ئورۇندۇق ياساپ، دادىسىنى ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ تالا - تۈزگە ئېلىپ چىقىپ ئايلاندۇرۇپتۇ. كېچىسى بېرىلىپ كىتاب ئوقۇپتۇ. دادىسى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بوپتۇ.

پىنوككىئونىڭ ئەمگەك قىلىپ يىغقان ئازراق پۇلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە دادىسىغا:

— بازارغا بېرىپ ئۆزۈمگە چاپان، قالپاق ۋە ئاياغ سېتىۋېلىپ كېلەي، — دەپتۇ.

دادىسى ماقۇل بوپتۇ.

پىنوككىئو يولدا چوڭ قۇلۇلىگە ئۇچراپ قاپتۇ.

— يادىڭىزدىمۇ؟ — دەپتۇ قۇلۇلە، — مەن قارا چاچلىق پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى مالاي بولىمەن.

— يادىمدا، يادىمدا، — دەپتۇ پىنوككىئو تەقەززالىق بىلەن، — ماڭا دېگىنە، قارا چاچلىق پەرىزات ھازىر نەدە؟ مېنى ئەپۇ قىلارمۇ؟ بېرىپ ئۇنى يوقلىسام بولامدۇ؟

— ھەي، بىچارە پەرىزات ھازىر ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى...





— دوختۇرخانىدا؟... راستمۇ؟... ھەي بىچارە ئاق كۆڭۈل پەرىزات، بىچارە... ھەي... ئەگەر ئون مىڭ يۈەن پۇلۇم بولغان بولسا دەرھال ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرەتتىم... لېكىن ھازىر مەندە تۆت يۈەن ــ كىيىم ئالىدىغان تۆت يۈەنلا پۇل بار... لېكىن قەدىرلىك قۇلۇلە، بۇ پۇلنى ئېلىپ دەرھال پەرىزاتقا بەرگىن.

— لېكىن يېڭى كىيىمنىچۇ؟

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق، ئۇچامدىكى كونا كىيىملەرنىمۇ سېتىۋېتىپ پەرىزاتقا ياردەم قىلاي دەيمەن. قەدىرلىك قۇلۇلە، ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە مۇشۇ يەرگە كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بۈگۈندىن باشلاپ كۈندە بەش سائەت ئارتۇق ئىشلەپ، ئوبدان ئاپامنى باقىمەن. خەير - خوش قەدىرلىك قۇلۇلە، ئىككى كۈندىن كېيىن سەن بىلەن كۆرۈشكىلى مۇشۇ يەرگە كېلىمەن.

شۇ كۈنى كېچىسى پىنوككىئو يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپتۇ. ئادەتتە سەككىز سېۋەت توقۇيدىكەن، ئەمدى 16 سېۋەت توقۇپتۇ.

پىنوككىئو ئىشنى قىلىپ بولۇپ كارىۋاتتا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. چۈشىدە چىرايلىق پەرىزاتنى كۆرگەندەك بوپتۇ. پەرىزات كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— ياخشى قىلدىڭ پىنوككىئو، ياخشى كۆڭلۈڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى ھەممە سەۋەنلىكلىرىڭنى ئەپۇ قىلدىم، ــ دەۋەتقۇدەك.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە پىنوككىئو ئويغىنىپ كېتىپتۇ.





ئاجايىپ قىزىق ئىش: پىنوككىئو ئۆزىنىڭ ئەمدى ياغاچ قونچاق ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئۆي ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىكەن، شىرەدە يېڭى چاپان، يېڭى قالپاق، يېڭى ئاياغ تۇرغۇدەك.

ئۇ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، قولىنى يانچۇقىغا سالغانىكەن، قولىغا پىل چىشىدىن ياسالغان پۇل قۇتىسى چىقىپتۇ. ئېلىپ قارىسا، قۇتىنىڭ ئۈستىگە مۇنداق خەتلەر يېزىلغانىكەن:

«قارا چاچلىق پەرىزات بۇ تۆت يۈەننى قەدىرلىك پىنوككىئوغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.»

قۇتىنى ئېچىپ قارىسا، قۇتىدا 40 دانە تىللا تۇرغۇدەك.

بۇ زادى نېمە ئىش؟

پىنوككىئو ھەيرانۇھەس بولۇپ دادىسىغا دەپ بەرمەكچى بولۇپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ، دادىسىنى تونۇيالماپتۇ. چۈنكى دادىسى ياشىرىپ، پىنوككىئو تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىدىكىدەك بولۇپ قالغانىكەن.

— قەدىرلىك دادا، بۇ زادى نېمە ئىش؟ — پىنوككىئو دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە ساپتۇ.

— چۈنكى ئەسكى بالا ياخشى بالا بولۇپ ئۆزگەرسە پۈتۈن ئائىلە بەختلىك بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادىسى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.



# ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى

# 木偶奇遇记



6.00

ISBN 978-7-5373-1736-8

9 787537 317368 >

باھاسى: 60.00 يۈەن (10 قىسىم)